# ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، گۈزەل ئەنخۇينى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىشتە يېڭى، تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن فۇياڭ شەھىرىنىڭ فۇنەن ناھىيەسىدىكى ۋاڭجىيابا چۈشۈرگۈسىگە كېلىپ، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتى ھەم ۋاڭجىيابا چۈشۈرگۈسىنى ئېچىپ كەلكۈننى بۆلۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. ۋاڭجىيابا چۈشۈرگۈسىنىڭ مىڭ چاقىرىملىق خۇەيخې دەرياسىدىكى «بىرىنچى چۈشۈرگە» دېگەن نامى بار. بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ۋاڭجىيابا چۈشۈرگۈسى ئارىدىن 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم چۈشۈرگىنى ئېچىپ كەلكۈن سۈيىنى ساقلاپ، ۋاقىت سۇرۇپ بېسىمنى يېنىكلىتىش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇردى. ۋاڭجىيابا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش كۆرگەزمە زالىدا، شى جىنپىڭ خۇەيخې دەرياسىنى تىزگىنلەش تارىخى ۋە خۇەيخې دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خۇەيخې دەرياسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق تىزگىنلەنگەن تۇنجى چوڭ دەريا. 70 يىلدىن بۇيان، خۇەيخې دەرياسىنى تىزگىنلەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتى، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. خۇەيخې دەرياسىنى تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىنى ياخشى يەكۈنلەپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى خۇەيخې دەرياسىنى تىزگىنلەش لايىھەسىنى ئەستايىدىل پىلانلاش كېرەك.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ يېقىن ئەتراپتىكى خۇڭلىياڭ چامادان - سومكا چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، فۇنەن ناھىيەسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئاپەت سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەم سېخنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى. شى جىنپىڭ كارخانىنىڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەردىن يۆلەش سالمىقىنى زورايتىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ، نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

نامراتلارنى يۆلەش سېخىدىن ئايرىلىپ، شى جىنپىڭ مېڭۋا كەلكۈن سۈيى ساقلاش رايونىنىڭ ساۋجى بازىرى لىمىن كەنتىدىكى شىتيەنپۇ مەھەللىسىگە كېلىپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. كەلكۈن سۈيى يانغاندىن كېيىن، مەھەللە ئەتراپىدىكى ئېتىزلار ئالدىراش مەنزىرىگە تولغانىدى، كەنت ئاھالىلىرى كۆلچەكتە ئالدىراش چىيەنشى ئۆزۈۋاتاتتى، كەلكۈن سۈيى يانغان يەرلەردە كۆكتات تولۇقلاپ تېرىۋاتاتتى. شى جىنپىڭ ئېتىز قىرىنى بويلاپ ئېتىزلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىشلەۋاتقان يۇرتداشلاردىن ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، جىددىي تولۇقلاپ تېرىپ، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئىمكانقەدەر ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، كۈزدە يەنە ياخشى ھوسۇل ئېلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. كەلكۈن سۈيى ساقلاش رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇرتداشلارنى تەدرىجىي كۆچۈپ چىقىشقا يېتەكلەپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، كەلكۈن سۈيى ساقلاش رايونىدىكى نوپۇسنىڭ قايتا كۆپىيىمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ ئارقىدىن شىتيەنپۇ مەھەللىسىگە كېلىپ، كەنت قىياپىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە كىرىمى، ئاپەتكە ئۇچراش زىيىنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. شى جىنپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئالاقىدار تولۇقلىما پۇلنى تېزدىن جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ھەم تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش تەدبىرلىرىنى چىقىرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

مەھەللىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، كەنت ئاھالىلىرى بەس - بەستە باش شۇجىدىن ئەھۋال سورىدى. شى جىنپىڭ يۇرتداشلارغا مۇنداق دېدى: مەن ئاپەت رايونىدىكى ئاممىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىم، بۇ قېتىم يۇرتداشلارنى مەخسۇس يوقلاپ كەلدىم، كۆپچىلىكنىڭ پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە تۇرمۇشنىڭ تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ نورماللاشقانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى پائال قانات يايدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم. يۇرتداشلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، داۋاملىق تىرىشىپ، كۈنلىرىنى بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ مائەنشەن شەھىرىگە بېرىپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شۆجياۋا ئېكولوگىيە باغچىسى چاڭجياڭ دەرياسى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان قالايمىقان قۇرۇلۇش قىلىنىپ، پاسكىنا سۇلار ئېقىپ تۇراتتى، تەرتىپكە سېلىش - تۈزەش ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە پۇقرالارنىڭ دەريا بىلەن يېقىندىن ئۇچرىشىدىغان، سۇ بىلەن يېقىندىن ئۇچرىشىدىغان، يېشىللىق بىلەن يېقىندىن ئۇچرىشىدىغان گۈزەل دەريا بويىغا ئايلاندى. شى جىنپىڭ مائەنشەن شەھىرىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسى بويىنى ئۇنىۋېرسال تەرتىپكە سېلىش - تۈزەش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتۇشنى ئون يىل مەنئى قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى ھەمدە دەريا بويىغا بېرىپ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۇ ئەھۋالى ۋە دەريا بويىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات زىددىيەتلىك قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى دىيالېكتىكىلىق بىرلىككە ئىگە مۇناسىۋەت. ئېكولوگىيەنى ياخشى قوغداپ، ئېكولوگىيە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتۇشنى ئون يىل مەنئى قىلىش پىلانىنى يولغا قويۇشتا، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى جايىدا ئىشلەپ، كەڭ بېلىقچىلارنى قىرغاققا چىقىشنى خالايدىغان، قىرغاققا چىقالايدىغان، قىرغاققا چىققاندىن كېيىن مۇقىم تۇرالايدىغان، بېيىيالايدىغان قىلىش كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشىدا كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئاچماسلىق كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسىنى ئاسراش، چاڭجياڭ دەرياسىنى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، «خەلق چاڭجياڭ دەرياسىنى قوغداش، چاڭجياڭ دەرياسى خەلققە بەخت يارىتىش»تەك ياخشى ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «زۇمرەتتەك دەريا سۈيى شەرققە ئېقىش»تەك غەلىبە مەنزىرىسىنى بالدۇرراق قايتا نامايان قىلىش كېرەك.

مائەنشەن شەھىرى پولات سەۋەبلىك قۇرۇلغان، پولات سەۋەبلىك گۈللەنگەن. شى جىنپىڭ جۇڭگو باۋۋۇ ماگاڭ گۇرۇھىغا كېلىپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، نۇقتىلىق مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسىنى كۆردى. ئارقىدىن، شى جىنپىڭ ئەلا سۈپەتلىك قېتىشما تاياقچە ماتېرىيال سېخىغا كىرىپ، قىزدۇرۇش پېچى، دەسلەپكى پىروكاتلاش ماشىنىسى، ئوتتۇرا پىروكاتلاش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. سېخ سىرتىدا، كارخانىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىشچىلار ۋەكىللىرى باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. شى جىنپىڭ كۆپچىلىك بىلەن سەممىي سالاملاشتى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ماگاڭ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا مەھسۇلات مىقدارى ۋە تىجارەت كىرىمىدە بۆلتۈرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن «قوش ئېشىش»نى ئىشقا ئاشۇردى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور پۇرسەتنى تۇتۇپ، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى كۈچەيتىپ، تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى تېخىمۇ كۆپ يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىپ، بازار رىقابەت كۈچىنى ئاشۇردى. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ تۆھپىكارلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك.

8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ خېفېي شەھىرى فېيدۇڭ ناھىيەسىدىكى شىبالىيەن توسمىسى ئېكولوگىيەلىك سۇلۇق يەر كەلكۈن سۈيى ساقلاش رايونىنىڭ چاۋخۇ كۆلى چوڭ توسمىسى لوجياتۇەن بۆلىكىگە كېلىپ تەكشۈردى. بۇ يىل كەلكۈن مەزگىلى كىرگەندىن بۇيان، چاۋخۇ كۆلىنىڭ سۇ ئورنى تارىختىكى ئېكستىرېموم قىممەتتىن كۆپ قېتىم ئېشىپ كەتتى، خېفېي شەھىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىبالىيەن توسمىسى ۋە ئەتراپتىكى توسما رايونلىرىدا كەلكۈن سۈيىنى ساقلاشنى باشلىدى. شى جىنپىڭ چاۋخۇ كۆلىنىڭ سۇ ۋەزىيىتى، سۇ ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردى، چاۋخۇ كۆلى ئايلانمىسىدىكى ئاساسلىق توسما ئېغىزلىرىدا كەلكۈن سۈيىنى تەقسىملەش ۋە ئەتراپتىكى سۇلۇق يەرلەردە كەلكۈن سۈيىنى ساقلاش، چاۋخۇ كۆلىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرى ۋە چوڭ توسمىنى مۇستەھكەملەش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: سۇلۇق يەر كەلكۈن سۈيى ساقلاش رايونىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش ۋە پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك سۇلۇق يەر كەلكۈن سۈيى ساقلاش رايونىنىڭ كەلكۈن سۈيى ساقلاش ئىقتىدارى ۋە ئېكولوگىيەنى قوغداش ئىقتىدارىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر جەنۇب تەرەپتىكى ئالاقىدار جايلار كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىككىلەمچى ئاپەت يۈز بېرىشنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. شىمال تەرەپتىكى ئالاقىدار جايلار يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كەلكۈن ئەھۋالىغا قارىتا ھوشيارلىقنى ۋە مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەلكۈندىن بىخەتەر ئۆتۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

چوڭ توسمىدا، شى جىنپىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىدە قۇربان بولغان يولداشلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى خادىملار، ئىلغار تىپ ۋەكىللىرى ۋە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى، ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان يولداشلارغا سەممىي سالام يوللىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل كەلكۈن مەزگىلى كىرگەندىن بۇيان، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپتىكى دەريا، كۆللەردە ئارقا - ئارقىدىن ئېھتىيات سۇ ئورنىدىن ئېشىپ كېتىشتەك خەتەرلىك ئەھۋال كۆرۈلدى. كەڭ كادىرلار، ئامما ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمايدىغان، قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان روھ ۋە جەڭگىۋارلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇردى، نۇرغۇن ئىلغار تىپلار ۋە تەسىرلىك ئىش ئىزلار مەيدانغا كەلدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىش، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىشتەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، كەلكۈن رەھىمسىز، ئادەملەر مېھىر - شەپقەتلىك دېگەن جاھاندىكى چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتنى پۈتتى. پارتىيە ۋە خەلق سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ!

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ خېفېيدا ئەنخۇي يېڭىلىق يارىتىش سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئەنخۇينىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىش ۋە ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پائال ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەنخۇينىڭ چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېزدىن سىڭىپ كىرىپ، ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچ يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىشتا. يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلاپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تېز يېتىلدۈرۈپ، قەتئىي بوشاشماسلىق، ئۇزاققىچە بوشاشماسلىق كېرەك.

چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۇرۇشى خاتىرە سارىيى چاۋخۇ كۆلى بويىغا جايلاشقان. 71 يىل ئىلگىرى، خەلق ئاممىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىدە، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى چاڭجياڭ دەرياسى تەبىئىي توسۇقنى بىر يوللا بۆسۈپ ئۆتۈپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىش ئۈچۈن شارائىت ياراتتى. شى جىنپىڭ خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئاشۇ ئىنقىلابىي تارىخنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خۇەيخەي ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى پۇقرالارنىڭ كىچىك ھارۋىسىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى پۇقرالارنىڭ كىچىك كېمىسىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن. ھەرقانداق ۋاقىتتا بىز ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز، خەلقتىن ئىبارەت بۇ يىلتىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، مەڭگۈ خەلققە سادىق مۇلازىمەتچى بولۇشىمىز كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، كىشىلەرگە نېمە ئۈچۈن تارىخ ۋە خەلقنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى تاللىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ ئەنخۇي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، ئەنخۇينىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئەنخۇيدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، يول ئېچىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئېغىر يۈكنى بىلىپ تۇرۇپ زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئۈچۈن تېخىمۇ زور كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىيىتى يەنىلا ناھايىتى مۈشكۈل، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھېرىپ - چارچاشتىن قورقمايدىغان، ئۇدا جەڭ قىلىدىغان ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئاپەتتىن كېيىنكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا قۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەدەت بېرىشى كېرەك. يۇقۇم سەۋەبىدىن، ئاپەت سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتە چىڭ تۇرۇپ، قاراتمىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش كېرەك. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىش، تاقابىل تۇرۇش، قۇتقۇزۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانغا بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى دەريا، ئېقىن، كۆل بىخەتەرلىكى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىخەتەرلىكى، شەھەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش بىخەتەرلىكىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئۇللۇق، تۈگۈن خاراكتېرلىك مۇھىم، زور تۈرلەرنى پىلانلاپ قۇرۇش كېرەك. ئاشلىق بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي پۇختا زىممىسىگە ئېلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئۈچ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپەت ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تەرەققىياتنىڭ باسقۇچلۇق يېڭى ئالاھىدىلىكى، يېڭى تەلىپىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى پۇختىلاش، كۈچەيتىش، سەرخىللاشتۇرۇشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى، يەنە بىر قولدا ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىشنى تۇتۇپ، ياسىمىچىلىقنىڭ رەقەملىشىش، تورلىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىنى پۇختا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش كېرەك. دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا توغرىلىنىپ، ئالدىنقى قاتاردىكى ئىزدىنىش ۋە ئالدىن كۆرەرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ بۆسۈش ۋە باشلامچىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتقا تايىنىپ تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەتنى تۈگىتىپ، تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى مۇجەسسەملەپ، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرى سۈپەتتىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچلۇق سۆزنى چىڭ كۆزلەپ، نۇقتىلىق ساھەلەردە بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كارخانىلارغا ياردەم بېرىش، يۈكىنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە مەدەت بېرىدىغان تېخىمۇ كۆپ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر، دېھقان ئىشلەمچىلەر، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى ئىشلەپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوغداش ۋە قوزغىتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپ ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ھازىرقى ياردەم بېرىش - يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ۋە مۇلازىمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاساسىي قاتلامغا يۆتكەشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خەلق پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش كۈرىشى شۇنى قايتا كۆرسىتىپ بەردىكى، پارتىيەمىز باشتىن - ئاخىر خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، خەلققە تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزسىلا، ھەممىدە غەلىبە قىلالايدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار پارتىيەنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئاممىۋى قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، سىياسىي ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاش، سىياسىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش، سىياسىي خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا چەكلەنگەن رايون بولماسلىق، تولۇق قاپلاش، قىلچە يول قويماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان تۈزۈلمە مېخانىزم قۇرۇلۇشىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە، ئاممىنىڭ ئەتراپىغىچە ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇپ، توغرا كەيپىياتقا تولغان بولۇش، سىياسىيدا سەگەك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، لىيۇ خې، چېن شى، ۋاڭ يۇڭ، خې لىفېڭ ۋە مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار تەكشۈرۈشتە ھەمراھ بولدى، جاڭ يوۋشيا ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.